# شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

**جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكىدە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. خۇددى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاھىدە خەۋىرىدە دېيىلگىنىدەك: «پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمىزكى: شىنجاڭ تىنچ - ئامان!»**

□ **بې زى**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توستى، بۇنى «رەزىل نىيىتى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان»دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىقىدەك كونا نەيرەڭنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىدىن ئىختىيارسىز شۇنداق سوراپ باققۇسى كېلىدۇ: سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا قالايمىقان بىلجىرلايدىغانغا نېمە ھوقۇقىڭلار بار؟ «تاغدىكى ئىشلارنى بىلمەكچى بولساڭ، ئوتۇنچىدىن سورا.» شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا يەنىلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكىدە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

«ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش» —— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى مىللەتلەر شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. شىنجاڭدا ئادەتتىكى ئاممىۋى خام چوت چىقىمىنىڭ 70%تىدىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈلدى. 2014 - يىلدىن بۇيانلا، جەمئىي 2 مىليون 385 مىڭ 300 نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 - يىلىنىڭ دەسلىپىدىكى 22.84%تىن 6.51%كە تۆۋەنلىدى. جۇڭگونىڭ بىر قاتار شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە سىياسىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكىدە، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بۈزۈھرە روزى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن كەشتە تىكىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، قول كەشتىچىلىكى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى 30 نەچچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنداق ھېكايىلەر يەنە ناھايىتى كۆپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگىتىپ، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىگەنلىك پاكىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىش سانلىق مەلۇماتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەنگەن تەبەسسۇمىدىنمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن - كاپالەتلەندۈرۈلمىگەنلىكى توغرىسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئالىلقاچان بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»گە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىنجاڭدا ھازىر 20 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار، ئىسلام دىنى دىنىي خادىمىدىن 29 مىڭ كىشى بار، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايونلاردا ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن 103ى بار... شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى، ئىسلام دىنىغا ساغلام ۋارىسلىق قىلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، دىنىي بىلىملەرگە ئېرىشىش يولى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، نورمال دىنىي ئېھتىياجى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇلدى.

«ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار مۇشۇ تۇپراقتا تىنچ - خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، مەن ئاشۇ نەچچە يىل بۇرۇنقى زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ قايتا يۈزبەرمەسلىكىنى، تىنچ - خاتىرجەم، تىنچ ھالدا داۋاملىق مۇشۇ تۇپراقتا ياشاشنى ئۈمىد قىلىمەن.» ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدە»نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، شىنجاڭدىكى بىرنەچچە ئاممىنىڭ سۆزلىرى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا شىنجاڭنى بۇرمىلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلايدىغان پىتنە - ئىغۋالارغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى رەددىيە.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، خۇددى قارا بۇلۇتلار قۇياشنى توسۇيالمىغانغا ئوخشاش. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت، بۈگۈنكى شىنجاڭدا مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، ئىقتىساد تەكشى، ساغلام تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى. خۇددى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاھىدە خەۋىرىدە دېيىلگىنىدەك: «پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمىزكى: شىنجاڭ تىنچ - ئامان!»

**(ئاپتور «خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى ئەسلى 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق گېزىتىنىڭ چەت ئەل نۇسخىسىغا بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ قېتىم شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنىۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلار: شەرقىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خې ۋېيدۇڭ، شەرقىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى خې پىڭ، جەنۇبىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جيەنۋۇ، شىمالىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى چياۋمىڭ، راكېتا ئارمىيەسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جوۋ يانىڭ، ئىستراتېگىيەلىك ياردەمچى قىسىمنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى فېڭبياۋ، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى ياڭ شۆجۈن.

شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنىۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن يەتتە ھەربىي ئوفىتسېر رەتلىك قىياپەتتە، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شى جىنپىڭ ئۇلارغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى، ئۇلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنىۋانى پاگونى تاقىغان يەتتە ھەربىي ئوفىتسېر شى جىنپىڭغا سالام بەردى، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا سالام بەردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنىۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ياڭراق ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنىۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ھەمدە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ مۇئاۋىن ئۇرۇش رايونى ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى رەھبەرلىرى قاتارلىقلار ئۇنىۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

---

ئامېرىكىنىڭ تۆھمەت قىلىشى، قارا چاپلىشىغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ **مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر**

ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش سۇيىقەستىنىڭ چاۋىسى چىقىپ قالدى. بۇنىڭغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلار قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى، كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم.

## «كىشىلىك ھوقۇق» دەستىكى رەزىل نىيەتنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ

«ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نى ماقۇللىشى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق رەزىل ئويۇنى، جۇڭگوغا ‹قالپاق› كىيگۈزمەكچى بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، پەقەت ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلىدۇ!» شىنجاڭ داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى، پروفېسسور زۇلھايات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: خەلقئارا جەمئىيەت چوڭ ئائىلىسىدە، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر تىنچلىقنى قوغداپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەخلاق - ھەققانىيلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» چوقۇم كىشىلەر كۈلكىگە ياقمايدۇ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى ماخمۇت ئابدۇۋەلى بۇ يىل 10 - ئايدا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدە ئۇ شەمشىقەمەر ئىسىملىك بىر قىزنى ئۇچراتتى، بۇ قىز بىر ئائىلىۋى ساياھەت باغچىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدىكەن ھەم ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، ئۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بولۇپ، بۇ يىل 23 ياشقا كىرىپتۇ. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە شەمشىقەمەر دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى ساياھەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا قولايلىق بوپتۇ؛ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ، ئۆز ئالدىغا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. «پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، تامامەن توغرا.» دېدى ماخمۇت.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بېرىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. «بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تېررورىزمنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.» قومۇل شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، ئېۋىرغول رايونى جۇڭشەن جەنۇبىي يولى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخەت دولقۇن مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدا قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرگەنلىك. دىنىي ساھەدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى مەردانە ھالدا كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، يەنە ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈپ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارماڭلار! بىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق، گۈزەل - بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ».

## ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەققانىي تەدبىر

«مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئۆگەندىم، تۇرمۇش كەچۈردۈم، بۇ يەر پۈتۈنلەي تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ئىگىلىشىگە، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئۈچۈق شەكىلدىكى جەمئىيەت مەكتىپى، بىز تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قايتىدىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزدىكى قولتۇق، ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ جۆيلۈگىنىدەك ‹جازا لاگېرى› ئەمەس.» قاغىلىق ناھىيەسى يىلقىچى يېزىسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى زەينۇر مەمەت مۇنداق دېدى: «بىر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغۇچى بولسامۇ، جەمئىيەت مېنى تاشلىۋەتمىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى، مېنىڭ ئائىلەمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما بارغانسېرى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، كىشىلىك ھوقۇق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى».

قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت جۇمە مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتقاچقا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئىناق، مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيەت يارىتىپ بەردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل ئاشتى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ‹يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش، توققۇزنى سەپلەش› يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى. ‹ئۈچ خىل كۈچ› ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، بىز ئۇلارغا قارشى ئاداققىچە قەتئىي كۈرەش قىلىمىز!».

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ئەكبەر ئەكرەم مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەڭ زور چەكتە تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ئەڭ زور چەكتە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتى يوقىتىلىپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كىشىلىك ھوقۇقنى تۈپتىن قوغدىغانلىق. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ، ئامان بولدى.» دېدى ئەكبەر.

## شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد گۈللىنىپ راۋاجلاندى، تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. «بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 41 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.6% ئاشتى، بولۇپمۇ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى چىقىمى ئومۇمىي چىقىمنىڭ 73%نى ئىگىلىدى. بۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىجىل، مۇقىم مۇھىتتا خەلق تۇرمۇشىنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى، بەختلىك، ئىناق، خاتىرجەم ياشايدىغان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!» دېدى نىياز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى ئىلھام ئەخەت مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر قاتار خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بەردى، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. «پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەلىك بىر ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ چوڭ، ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدىشىنى مۇراجىئەت قىلىمەن» دېدى ئۇ.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم يورۇپ، نەزەر دائىرەم كېڭىيىپ، ئۆزۈممۇ روھلىنىپ قالدىم، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە دوست - بۇرادەرلەرنىڭ مەن بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشى قويۇقلاشتى، يەنە پۇل تېپىپ ئائىلەمنى باقالايدىغان بولدۇم، ئىلگىرىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ ئادەم دېسە ئادەمگە، ئالۋاستى دېسە ئالۋاستىغا ئوخشىمايدىغان ئاشۇ كۈنلىرىم بىلەن خوشلاشتىم.» ئاتۇش شەھەرلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى توختىگۈل سەمەت مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى چوڭ، ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ئىناق، مۇقىم بولغان ۋەزىيەت خەلقنىڭ ئارزۇسى. «مەن باشقىچە نىيىتى بار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم، ئىناق بولغان بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن، مەن ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمەن».